HUMAN RIGHTS WATCH

# ئىدولوگىيەدىكى ۋىروسنى تازىلاش

## خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى

# قىسقىچە مەزمۇنى

تەربىيلەشكە قاتناشتۇرۇلغان كىشىلەرگە قانۇن-نىزاملارنى ئۆگىتىش ، ئۇلارنى دىنى ئاشقۇنلۇق ۋە ئەسەبىيلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېرورلۇق ئىدىيىلىرىدىن ئازات قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش بۇ تەربىيلەشنىڭ بىرىدىنبىر مەقسىتىدۇر.

ئەگەر تەربىيلەش ئۈنۈملۈك بولمىغاندا ، تەربىيلەش مەقسىتىگە يەتكۈچە ۋە قانائەتلىنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكۈچە قاتناشتۇرۇلغۇچىلار ھەقسىز تەربىيلىنىدۇ ۋە ئۇلار ئۆگىنىشنى مۇۋاپىقىيەتلىك تاماملىغىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

جوڭگۇ كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىتتىپاق كومىتېتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باياناتى ، 2017-يىلى مارت——

ئىلھام توختى (2018) مۇنداق دەيدۇ : « ھاكىمىيەتتىكى خىتتايلارنىڭ مەقسىدى ئۇيغۇرلارنى ئاسىملاتسىيە قىلىش ، يەنى خىتايلار بىلەن ئوخشاش ھالەتكە كەلتۈرۈپ ، كەلگۈسىدە ئۇيغۇر كىملىكىنى ئىسمى بار ، جىسمي يوق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش».

خىتاي ھۆكۈمىتى ، خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ياشايدىغان تۈرك مۇسۇلمان خەلقلىرىگە ئۇزۇندىن بۇيان باستۇرۇش سىياستى يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە. خىتاينىڭ بۇ خىل باستۇرۇش سىياستى ،2016- يىلىنىڭ ئاخىرىدا تىبەت كومپارتىيە سېكرتارى چېن چۈەنگونىڭ شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كېلىشى بىلەن تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

بۇ دوكلاتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە خالىغانچە تۇتقۇن قىلىۋاتقانلىقى ، تۇتقۇن قىلىغانلارنى خىلمۇ -خىل قىيىن -قىستاققا ئېلىپ خورلاۋاتقانلىقىنى ، خىتاي ھۆكىمىتىنىڭ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي خەلق -ئامىمىسىنىڭ كۈندىلىك نورمال تۇرمۇشىنىمۇ تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ قاتتىق كونترول قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ھەققەت يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى.

بۇ خىل پىكىر ئەركىنلىكى ، دىنى ئەركىنلىكى ، ئادالەتسىز سوتلاشلاردىن قوغدىنىش ھوقۇقى جۈملىدىن پۈتۈن كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىۋاتقان ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇش ھەركىتى خەلقئارالىق قانۇننىڭ كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش ماددىلىرىغا خىلاپ بولۇپلا قالماستىن ھەتتا ئۆزى تۈزۈپ چىققان ئاساسىي قانۇنىغىمۇ خىلاپ بىر قىلمىشتۇر . خىتاي ھۆكىمىتىنىڭ بۇنداق قاتتىق كونترول قىلىشى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ، قازاق ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھاياتى ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

بۇ دوكلات ، بۇرۇن شىنجاڭدا ياشىغان 58 كىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان زىيارەتكە ئاساسەن ھازىرلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە 5 كىشى لاگېردا يېتىپ چىققان ، 38 كىشىنىڭ ئۇرۇق -تۇغقانلىرى لاگېردا. زىيارەت ئوبيېكتىدىن 19 كىشى 2017-يىلى يانۋاردىن كېيىن شىنجاڭدىن ئايرىلغان كىشىلەردۇر. بۇ زىيارەت ئوبيېكتلىرى شىنجاڭنىڭ ئوخشىمىغان 14 ناھىيىسىدىن كەلگەن.

2014- يىلى مايدا ، خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا «تېرورلۇق ۋە ئاشقۇنلۇققا قاتتىق زەربە بېرىش ھەركىتى» نى قوزغىدى.ئاممۇى تەشكىلات «خىتاي كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى» نىڭ شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئىگەللىگەن رەسمى سانلىق مەلۇمات ۋە تەخمىنلىرىگە ئاساسلانغاندا ، بۇباستۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن رەسمى تۇتۇلغانلانىڭ سانى ئالدىنقى بەش يىلدا تۇتۇلغانلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ بەش ھەسسىسىگە يەتكەن . خىتاي ھۆكۈمىتى تۇتۇلغان كىشىلەرنى رەسمى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى بولغان قاماقخانا ۋە تۈرمىلەرگە ياكى خىتايدا ھېچقانداق قانۇنى ئاساسى بولمىغان سىياسى تەربىيلەش لاگېرلىرىغا قامىغان. ماھىيەت جەھەتتىن خىتاي ھۆكمىتى تۇتۇلغان بۇ كىشىلەرنى قانۇنى رەسمي ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ ، قىيىن- قىستاققا ئالغان ۋە خورلىغان.

ھازىر خەلقئارا تاراتقۇلانىڭ

شىنجاڭ ھەققىدىكى خەۋەرلىرى سىياسى تەربىيلەش لاگېرىغا مەركەزلەشتى. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ لاگېردىكىلەرنىڭ سانى ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن بولسىمۇ ، ئىشەنچلىك تەخمىنلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇلارنىڭ بىرمىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. بۇ مەخپى لاگېردىكىلەر بىر نەچچە كۈن ، بىر نەچچە ئاي ، ھەتتا بىرىيلدىن ئارتۇق ۋاقىت سىياسى جەھەتتىن تەربىيلىنىشكە مەجبۇرلانماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ، بولۇپمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىگە قارشى كۈچ ۋە ئىدىيەلەرنىڭ مەركىزى دەپ قارىغان قەشقەر ۋە خوتەندە ئاھالىنىڭ يېرىمى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەكىنىڭ سىياسى لاگېرلاردا ، قاماقخانىلاردا ياكى تۈرمىلەردە تۇتقۇندا بولۇشى ئادەتتىكى ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغان. مەسىلەن ، بىر زىيارەت قىلىنغۇچى ئۆزىنىڭ يولدىشى ، يولدىشىنىڭ تۆت قېرىندىشى ۋە 12 جيەنىنىڭ ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى بارلىق ئەر كىشىلەرنىڭ 2017- يىلدىن بېرى سىياسى لاگېردا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن.

بۇ سىياسي لاگېرلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر بېرىلگەن بولۇپ ، جىسمانىي ۋە پسىخوگىيىلىك خورلاشلاردىن سىرت ، ئۇ يەردىكى ناچار شارائىتلارنىڭ بېسىمى ، ھەددىن زىيادە كۆپ كىشىلەرنىڭ بىريەرگە سولاپ قويۇلىشى ۋە ئۇلارنىڭ قاچان قويۇپ بېرىلىشىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى قاتارلىقلار كىشلەرنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالماقتا. لاگېرلاردا ئاددى داۋالاشلار مۇمكىن بولسىمۇ ، لېكىن ئېغىر كېسەللەر ۋە ياكى ياشانغانلار ھەتتا ئۆسمۈرلەر ، ھامىلدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ، شۇنداقلا مېيىپ كىشىلەرنىڭمۇ تۇتۇپ تۇرۇلىشى شارائىتنىڭ قانچىلىك ناچار ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بەرمەكتە . بۇ لاگېردىن چىققانلارنىڭ ئېيتىشىچە ، لاگېردا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنغانلارمۇ بولۇپ ، تۈزۈمگە بويسۇنمىغانلارنى ئېغىر جازالىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىكەن.

شىنجاڭدىكى مۇقۇملىقنى ساقلاشنى ۋە تېرورچى ئاشقىن كۈچلەرنى دەل ۋە تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشنى باھانە قىلىپ ، قاتتىق مۇئامىللەرنى ھەقلىق كۆرستىشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن. شىنجاڭ تەرەپ بۇ خىل ئاشقۇن ئىدىيەنىڭ يىلتىزىنى تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ «غەلىتە ئىدىيەسى» دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش ، دائىرىلەرنىڭ ئاشقۇن دىندار بېكىتكەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچە ئىسلام ، تۈرك ، ئۇيغۇر ياكى قازاق قاتارلىق ھەرقانداق خىتاي بولمىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىدەك كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مانا مۇشۇ دىنىي ۋە ئېتنىك كىملىكلەرنىڭ يېقىنچىلىقىنىڭ «تۈزىتىلىش» ۋە «يوق قىلىنىشى » نى قاتتىق تەشەببۇس قىلماقتا.

ئۆتكەن بەش يىلدا ، شىنجاڭدا ۋە خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىدا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك زوراۋانلىق ۋەقەلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدىكى قورالىق ئاشقۇن گۇرۇپپىلارغا قېتىلغانلىقى توغرۇلۇق ۋەقەلەر ئېلان قىلىندى. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا ئۇيغۇرلارنى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر بولغان چەكلەش ۋە باستۇرۇشنى يولغا قويدى. شىنجاڭنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان قازاقلارغا بولسا 2010-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ، «قاتتىق زەربە بېرىش» نامىدا باستۇرۇشنى كۈچەيتتى.

شۇنداق بولسىمۇ «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتنىك ۋە دىنىي كىملىكى ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە جازالاندۇرۇلىشىنى ھۆكۈمەتنىڭ مۇقۇملۇق ۋە بىخەتەرلىكنى ساقلاش تەدبىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىسا بولمايدۇ.

مەيلى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى بولسۇن ياكى ئۇنىڭ سىرتىدىكىلەر بولسۇن ، شىنجاڭدىكى پۈتۈن تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى كىشىنى بىئارام قىلىدىغان دەرىجىدە ئوخشاشلىققا ئىگىدۇر. جازا لاگېرىنىڭ ئىچىدىكىلەر خىتايچە ئۆگىنىشكە ، خىتاي كومۇنىستىك پارتىيىسىگە مەدھىيە ئوقۇشقا ، بولۇپمۇ تۈرك

مۇسۇلمانلىرىغا قوللىنىدىغان جازا تەدبىرلىرىنى يادلاشقا مەجبۇرلانماقتا. لاگېرنىڭ سىرتىدىكىلەر بولسا ، ھەپتىلىك ھەتتا كۈنلۈك خىتاينىڭ بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ، سىياسى ئۆگىنىش ۋە خىتايچە ئۆگىنىش تەلەپ قىلىنماقتا. تۇتۇلغانلار ئەڭ ئاز 1000 خىتايچە خەت ئۆگەنمىگىچە ياكى سادىق خىتاي پۇقراسى دەپ قوبۇل قىلمىغۇچە لاگېردىن ئايرىلمايدىغانلىقى سۆزلەنگەن. لاگېرنىڭ سىرتىدا ياشايدىغان تۈرك مۇسۇلمانلار بولسا ئۆيچە نازارەت قىلىنىش ، ئۆز رايوندىن ئايرىلماسلىق ، چەتئەلگە چىقىشقا رۇخسەت قىلماسلىق قاتارلىق ئىختىيارى ھەرىكەت قىلىش ھوقوقىدىن مەھرۇم قىلىنماقتا. لاگېرنىڭ ئىچىدە كىشىلەر تىنچلىق سۆيەر بىر دىنغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن جازالاندۇرۇلماقتا. سىرىتتا بولسا ھۆكۈمەت ئىسلام دىنىنى ئۇنۇملۇك بىر شەكىلدە چەكلىمەكتە. ئىچىدىكى كىشىلەر نازارەتچىلەر تەرىپىدىن يېقىندىن پايلىنىپ تۇرىدۇ ، ئائىلىسى ۋە دوستلىرى بىلەن ئالاقىسى كېسىپ تاشلىنىدۇ. سىرىتتىكىلەر بولسا قوشنىلىرى ، مەمۇرى خادىملار ۋە تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش سىستېمىلىرى بىلەن نازارەت قىلىنىدۇ ۋە چەتئەل بىلەن ئالاقە قىلىنىش چەكلىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى ،چەتئەللەردىمۇ كېڭەيدى. شىنجاڭ دائىرىلىرى قازاقىستان ، تۈركىيە ، مالايسىيا ۋە ھىندونۇزىيە قاتارلىق 26 سەزگۈر دۆلەتنىڭ تىزىملىكىنى ھازىرلىدى ۋە بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلغانلارنى جازالىدى شۇنداقلا بۇ خىل ئالاقىنى جىنايەت دەپ بېكىتتى. يۇقارقى دۆلەتلەرگە كەلگەن ياكى ئائىلە ئەزالىرى شۇ دۆلەتلەردە بولغان ياكى شۇ دۆلەتتىكىلەر بىلەن ئالاقىلاشقانلارنى سوراق قىلدى ، تۇتۇقلىدى ھەتتا سوت ئېچىپ تۈرمىگە تاشلىدى. زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ دېيىشىچە ، بۇ 26 دۆلەتتىن باشقا ھەرقانداق دۆلەت بىلەن ئالاقە قىلغانلارمۇ ، ۋاتساپ قاتارلىق چەتئەلنىڭ ئالاقە قورالىنى ئىشلەتكەنلەرمۇ لاگېرغا سولانغان. شۇنداقلا ، خىتاي ھۆكۈمىتى يېقىندىن بېرى باشقا دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىماقتا.

ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى ، قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىغانلىقلىرىنى ۋە شىنجاڭدىكى بەزى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ چەتئەلدىكى باشقا كىشىلىرىنىڭ پاسپورت كونتورولى ۋە چېگرىدىن چىقىشىنىڭ قىيىنلىششى بىلەن ئويلاپ باقمىغان شەكىلدە تۇتۇلغانلىقىغا شاھىت بولدى. باللار بولسا ئاتا-ئانىلىرى يوق ھالەتتە باشقا بىر دۆلەتتە تۇرۇپ قالماقتا. شىنجاڭ دائىرىلىرى ئائىلە ئەزالىرىدىن چەتئەلدىكى ئۇرۇق تۇققانلىرى بىلەن ئالاقە قىلغانلىق سەۋەبىدىن جازالانغانلىقى ئۈچۈن ، زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ دېيىشىچە ھەتتا كىچىك باللاردىن تارتىپ ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئايلارچە ھەتتا يىللارچە كۆرۈشەلمەيۋاتقانلىقىنى بايان قىلماقتا. باشقىلىرى بولسا ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئالاقىلاشقاندا دائىرىلەر تەرىپىدىن شىنجاڭغا قايتىشقا ياكى تۇرۇشلۇق دۆلىتىدىكى ھاياتى ھەققىدە تەپسىلى دوكلات بېرىشكە مەجبۇرلانماقتا. يىغىنچاقلانغاندا ، چەتئەلدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر ۋە قازاقلار ، بولۇپمۇ شىنجاڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بولغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقانلار ، باشقا بىر چېگرادا ، خىتتايلارغا تەۋە بولمىغان بىر يەردە ھەتتا خىتايغا ۋەتەنداش بولمىسىمۇ ئۆزلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەھىمىسى ئاستىدا تۇرىۋاتقاندەك ھېس قىلىشماقتا.

شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقوق دەپسەندىچىلىكى ، 1966-1976 يىللىرىدىكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن بۇيان ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئېغىردۇر. لاگېرلارنىڭ قۇرۇلىشى ۋە كېڭەيتىلىشى شۇنداقلا باشقا كەمسىتىش ھەرىكەتلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى ، بېيجىڭنىڭ شىنجاڭنى ئۆزى ئويلىغان شەكىلگە ئەكىلىشى ئۇزۇن مەزگىللىكتۇر.

خىتاي شىنجاڭدىكى يامان نىيەتلىك سىياسىتىنىڭ ئېغىر بىر سىياسى بەدىلىنىڭ بولمايدىغانلىقىمۇ ھەققەتتۇر. خىتاينىڭ خەلقارا كۈچى ئۇنى ئاممۇي ئەيىپلەشلەردىن قۇتۇلدۇردى ۋە ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دائىمى ئەزالىق سالاھىيىتى خىتاينىڭ خەلقارا سوتتا بېرىلىدىغان جازالاش قاتارلىق خەلقارا ھەرىكەتلەردىن قاچالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

خىتاينىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئېتراپ قىلغۇزمايدىغان سىياسى ئورنى ، ب د ت نىڭ ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقوقنى قوغداش بۇرچىنى بىكار قىلۋېتەلمەيدۇ. ب د ت كىشىلىك ھوقوق كومېتىتى قاتارلىق خەلقارالىق سەھنىلەردە خىتاينىڭ ئومۇمى كىشىلىك ھوقوق ئەھۋالىغا قاراپ چىقىش قاتارلىق تېمىلاردا خەلقارانىڭ دىققەت قوزغاش كېرەك ، قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ھوقوق بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر ب د ت شىنجاڭدىكى يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرگە قارىتا بىر كۆزىتىش ۋە نازارەت قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلالمىسا ، بۇنىڭدىن ئەندىشە ھېس قىلغان دۆلەتلەر خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ۋە خورلاش قىلمىشلىرىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى توپلىشى كېرەك.

.

خىتاي تەرەپ بۇ قىيناش ۋە خورلاشلارنى ئىنكار قىلماقتا ۋە ئەكسىچە بۇ لاگېرلارنى «يېنىك جىنايەت سادىر قىلغان جىنايەتچىلەر»نى «كەسپى جەھەتتىن تەربىيلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزى» دەپ كەلمەكتە. لېكىن ب د ت ، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ياكى مۇستەقىل تاراتقۇلارنىڭ بۇ تەربىيلەش مەركەزلىرىنى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت بەرمەيۋاتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى بىر نەچچە يىلدىن بېرى شىنجاڭدا جەمىيەتنى كونترول ۋە نازارەت قىلىش ئۈچۈن ، ئىقتىساد ، ئادەم كۈچى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن غايەت زور مەبلە غ سالدى. ھۆكۈمەت بۇ رايوندا نەچچە ئون مىڭ ساقچىنى ئىشقا ئېلىپ ، يوللاردا سان-ساناقسىز «خەلققە قولايلىق» ساقچىخانا ۋە تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى قۇردى. خىتاي ھۆكۈمىتى كىشىلەرنىڭ ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئۇلارنىڭ سىياسى جەھەتتىن ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان ئامىللار دەپ قاراپ ، ئۇلارنى يېقىندىن نازارەت قىلماقتا . ئۇلارنى ئۆزىنىڭلا قىلمىشى ياكى ئېتقادىغا قاراپ تۇتۇپ قالماي ، يەنە ئائىلە ئەزالىرىنىڭمۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن تۇتماقتا. بۇ خىل چېتىپ جازالاش خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشتۇر.

شىنجاڭدىكى باستۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ يېڭى ۋە كىشىنى ئەڭ بىزار قىلغىنى بەلكىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكىدىن ئەسۋاپلىرىنى قوللىنىپ كوللېكتىپ نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىدۇر . شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئالدى بىلەن مەجبۇرى ھالدا خەلقنىڭ بىئولوگىيىلىك ئۇچۇرلىرىنى مەسلەن ، ئاۋاز ئەۋرىشكىسى ، د ن ئا ئۇچۇرلىرىنى يىغقان ئاندىن بۇلارنى سۈنئى ئىدراك ۋە چوڭ سانلىق مەلۇماتلارغا ئىشلىتىپ ، شىنجاڭدىكى ھەر بىر ئادەمنى ئېنىقلاپ ئايرىم ئارخىپ تۇرغۇزغان ۋە ئىز قوغلاپ تەكشۈرگەن.

شىنجاڭدىكى

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇبىر يۈرۈش سىستېمىنى كومپارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىتىگە تەھدىت دەپ قارىغان كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن تاسقاپ چىقىدىغان «غەلۋىر» دەپ قارايدۇ . بۇ بىر يۈرۈش سىستېمىلارھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تېخىمۇ ئىنچىكە كونتروللۇق شارائىتىنى ھازىرلاپ بېرىپ ، ھۆكمەتنىڭ سىستېمىلار تەمىنلىگەن «ئىشەنچلىك دەرىجىسى»گە ئاساسەن كىشىلەرگە پەرقلىق چەكلىمە قويۇشىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا .

.

.

# تەۋسىيەلەر

**خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە:**

- شىنجاڭدىكى پۈتۈن سىياسى تەربىيلەش لاگىرلىرىنى دەرھال تاقاش ۋە لاگىرلاردا قامالغانلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋېتىش.
- «زوراۋان تېرورچىلىققا قارشى قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» ، «<ئۇچ ئەل> گورۇپپىلىرى» ، «بىر ئائىلە بولۇش» قا ئوخشاش تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنى كونترول ۋە نازارەتنى مەقسەت قىلغان مەجبۇرى پائالىيەتلەرنى دەرھال توختىتىش.
- تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىن سۆزلەش ، يىغىلىش ، تەشكىللىنىش ، دىن ، مەدەنىيەت ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىپ ، ئۇلارنىڭ تېنىچ پائالىيەت قىلىشىغا ، تەنقىد ۋە تەشۋىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.
- قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىگە باغلىنىشلىق دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرىغا داخىل بولغان پارتىيە سېكتارى چېن چۈەنگو ۋە باشقا چوڭ ئەمەلدارلارنى بىتەرەپتە تۇرۇپ تەكشۈرۈش ۋە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغۇزۇش.
- دۆلەت بىخەتەرلىكى ، تېرورىزىم ۋە ياكى ئاشقۇن كۆچلەر باھانىسى بىلەن تۇتۇلغان ۋە قامالغان بارلىق كىشىلەرنىڭ دېلولىرىنى قايتىدىن قاراپ چىقىش ، بارلىق خاتا بېرىلگەن ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، سوت ئاچماي جىنايەت تۇرغۇزۇشقا ئوخشاش خەلقئارالىق قانۇنى ئۆلچەملەرگە چۈشمەيدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ دېلولىرىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ چىقىش.
- دۆلەت دەرىجىسىدە مۇكەممەل قانۇن چىقىرىلىپ ، پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىنمىغۇچە شىنجاڭدىكى پۇقرالارنىڭ بىئولوگىيەلىك ئۇچۇرلىرىنى توپلاش ۋە ئىشلىتىشنى توختىتىش ، ھازىرقى سىياسەتلەرگە ئاساسەن ئاللىبۇرۇن توپلانغان بىئولوگىيەلىك ئۇچۇر ۋە سان-سىفىرلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش.
- قانۇنغا ئۇيغۇنلۇقى ، زۆرۈرلىكى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئەييەن ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئىسپاتلانمىغۇچە ، پۇقرالارنىڭ بىئولوگىيەلىك ئۇچۇرلىرىنى توپلاش ۋە ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش.
- چوڭ سانلىق ئۇچۇر ئامبىرى ۋە «مۇكەممەل بىرلەشكەن ئۇچۇرلار سۇپىسى»نى ئىشلىتىشنى توختىتىش.
- شىنجاڭلىق پۇقرالارنىڭ پاسپورتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋە پاسپورت يىغىۋېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.
- چەتئەللەردە ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنى يۇرتلىرىغا قايتىشقا مەجبۇرلىماسلىق ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توپلاشنى توختىتىش ، مۇناسىۋەتلىك قايتۇرۇۋېتىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇن تەرتىپلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغۇچە ئۇلار تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ ، ئۇلارنى زورلۇق بىلەن قايتۇرۇپ ئەكىلىۋېلىشنى توختىتىش.
- «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» جەريانىدا خالىغانچە تۇتۇلغان ۋە خورلانغانلارنىڭ ماددىي ۋە روھى زىيىنى ئۈچۈن دەرھال يېتەرلىك تۆلەم بېرىش.
- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ تەكشۈرۈشىگە يول قويۇش.

**مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىغا:**

- تېرورىزىمغا قارشى قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ، ئۇنى خەلقئارالىق قانۇنى ئۆلچەمگە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئەھدىنامىسىگە ماسلاشتۇرۇش. تېرورىزىم ۋە زوراۋان ئاشقۇن ھۇجۇملار بىلەن بىۋاستە باغلىنىشنى ئىسپاتلاش يېتەرلىك بولماي تۇرۇپ جىنايەتلەرگە ھۆكۈم قىلىشنى ئۆزئىچىگە ئالغان تېرورىزىم ۋە ئاشقۇن كۈچلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ، دائىرىسى كەڭ ، ئېنىقلىمىسى ئوچۇق بولمىغان مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش.
- بىئولوگىيەلىك ئۇچۇرلارنى توپلاش بىلەن ئالاقىدار بولغان قانۇن - نىزاملارغا قايتا قاراپ چىقىش ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ، ئۇلارنى خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش:
    - o بۇ ئۆلچەملەر قانۇنىي رامكىنىڭ ئېچىدە بولۇشى ۋە بۇ تۈردىكى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ توپلىنىشى ، ئىشلىتىلىشى ، تارقىلىشى ۋە ساقلىنىشىغا قانۇنىي كاپالەت بولۇشى ھەم دەخلى - تەرۇزدىن ساقلىشى كېرەك. شۇنداقلا بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ خەلق بىخەتەرلىكىگە ئوخشاش قانۇنلۇق مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى مۇۋاپىق دەرىجىدە چەكلىنىشى كېرەك ۋە شەخسىي ئۇچۇر ھوقۇقى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقلارنىڭ ئەھمىيتىنى ئاجىزلاشتۇرۋەتمەسلىك لازىم.
    - o بۇ ئۆلچەملەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، ھەر قانداق سانلىق ئۇچۇر يىغىش ، ئىشلىتىش پىروگىراممىلىرى ۋە ئۇقتۇرۇشلار چوقۇم مۇستەقىل دائىرلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە مۇستەقىل كۆزىتىش شارائىتى بولۇشى كېرەك ، شۇنداقلا پۇقرالارغا بۇ ئۇچۇرلارنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە قارشى تۇرالايدىغان يوللار تەمىن ئېتىلىشى ۋە تۆلەم تەلەپ قىلدىغان ئىمكانىيەتلىرى بولۇشى كېرەك.
    - o مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەر بىئولوگىيەلىك ئۇچۇرھەم سان-سىفىرلارنى يىغىش ۋە ئىشلىتىش ئۈچۈن قوللانغان تېخنىكىلارنى ۋە يىغقان سانلىق مەلۇماتلارنى ، شۇنداقلا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى خەلققە ئاشكارىلىشى كېرەك.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا:**

- « شىنجاڭنىڭ تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش دۆلەت قانۇنىنى يۈرگۈزۈش نىزامنامىسى» ۋە «رادىكاللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىزامنامىسى» نى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇش.
- شىنجاڭنىڭ دىنىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈم- نىزاملىرى ۋە شۇنداقلا خەلقنىڭ تېنچلىق بىلەن ئېلىپ بارغان دىنىي پائالىيەتلىرىنى ۋە دىنى ئېتقادىنى چەكلەيدىغان ھەر قانداق قائىدە - تۈزۈم ، نىزام ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

**قازاقستان ھۆكۈمىتىگە:**

- خىتاي ھۆكۈمىتىنى قازاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى توختىتىشقا ۋە سىياسىي تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنى قويۇپ بېرىشكە ئۈندەش.
- خىتايدىن قاچقان ۋە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن مۇساپىرلارنى خىتايغا مەجبۇرى قايتۇرۇۋەتمەسلىك. ئەگەر خىتايغا قايتۇرۇۋېتىلسە ، سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولغان شىنجاڭدىن قاچقان قازاق ۋە باشقا سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ئىلتىماس جەريانىنى تېزلىتىش.
- خىتايدىن كەلگەن قازاقلارنىڭ قازاقىستان پۇقرالىق ئىلتىماسىنى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەتەنداشلىقىغا ئالاھىدە تېز قوبۇل قىلىش پروگراممىسى بويىچە بېجىرىش. ئاتا-ئانىسى ياكى ھامىسى «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» دە قولغا ئېلىنغانلىقى سەۋەپلىك خىتايدا سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولغان قازاقىستاندا تۇرۇۋاتقان قازاق بالىلارنىڭ سىياسى پاناھلىق ئىلتىماس خىزمەتلىرىنى تېزلەشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا پۇقرالىققا ئالاھىدە تېز قوبۇل قىلىش پىروگراممىسى بويىچە پۇقرالىق سالاھىتى بېرىش ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوقۇش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش.

**تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە:**

- تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگوغا مەجبۇرى قايتۇرۇلماسلىقىغا ،ھەمدە تۈركىيەدە قىسقا مۇددەتلىك ئىنسانپەرۋەرلىك ئىقامىتى بىلەن تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەر ۋاقىت ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقامەتكە تېزىملىتىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.
- ئىگە-چاقىسىز ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە قىسقا مۇددەتلىك ئىنسانپەرۋەرلىك ئىقامىتى بېرىش. ئۇلارنىڭ ئوقۇش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش.

**كۆپ تەرەپلىك ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلەرگە:**

- ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئوچۇق ۋە يېپىق شەكىلدە خىتاي ھۆكۈمىتىنى «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى»نى توختىتىشقا سۆيلەش.
- ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ 2018- يىللىق «خىتايىنى قەرەللىك كۆرۈپ چىقىش يىغنى» دا شىنجاڭ ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش.
- ئامېرىكا «يەرشارى ماگنىتسكى قانۇنى» ۋە باشقا ۋىزا كېلىشىملىرى ئاساسىدا ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتكوم سېكرېتارى چېن چۈەنگو ۋە «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى»دە ھوقۇق دەپسەندىچىلىككە چېتىشلىق ئەمەلدارلارغا نىشانلىق جازا يۈرگۈزۈش.
- مۇۋاپىق شەكىلدە ئېكسپورتنى كونترول قىلىش مېخانىزمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ، خىتاي خەلقىنىڭ ئاساسى ھوقۇقلىرىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشتا قوللىنىپ كەلگەن تېخنىكىلارنى ئىشلىتىشكە يول قويماسلىق.
- ئۇيغۇر ، قازاق قاتارلىق تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنىڭ خىتايدا زىيانكەشلىككە ئۇچراش ، قېيىن - قىستاققا ئېلىنىش ، ياكى زۇلۇمغا يولۇقۇش خەۋپ- خەتىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە بىرمۇ بىرتەپسىلىي كۆرۈپ چىقماي تۇرۇپ ، ئۇلارنى خىتايغا مەجبۇرى قايتۇرۇپ بەرمەسلىك.
- خىتاينىڭ تۈركىي تىللىق مۇسۇلمان مۇھاجىرلىرىغا سالغان تەھدىتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەرلىك قانۇنلارنى يۈرگۈزۈش.
- خىتايغا مەجبۇرى قايتۇرۇلۇش خەۋپىدە قالغان تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنىڭ پاناھلىق تىلەش ئىشلىرىنى تېزلەشتۇرۇش.
- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رامكىسى ئىچىدە شىنجاڭدىكى ھوقۇق دەپسەندىچىلىكنى تەكشۈرۈش ئالاھىدە مېخانىزمى كۆرۈپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىش. بۇ مېخانىزىم قۇرۇلغىچە ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز ئالدىغا خالىغانچە تۇتۇش ۋە باشقا ھوقۇق دەپسەندىچىلىككە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توپلاش لازىم.
- كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھۆكۈمەتلەر ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇش ، ئوچۇق —ئاشكارا ئەيىپلەش ۋە ئېمبارگو يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ، ھۆكۈمەتنىڭ تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارغا قارىتا كۈچەيتىۋاتقان باستۇرۇشى قاتارلىق شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىنى يېقىندىن كۆزىتىش.

**شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق شىركەتلەرگە:**

- «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» دە شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى ئىشلىتىۋاتقان نازارەت قىلىش ۋە بىئولوگىيەلىك تونۇش سېستىمىسى بىلەن ئالاقىدار سودا ئىشلىرىنى قوللىماسلىق.
- شىنجاڭدىكى ساقچىلار ۋە باشقا بىخەتەرلىك تارماقلىرى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشىغا تۈرتكە بولمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا سودا ھەمكارلىقىنى دەرھال توختىتىش.
- ئۈنۈملۈك ئەرز- شىكايەت مېخانىزمىنى قۇرۇپ چىقىپ ، شەخسىيلەرنىڭ سودا - تىجارەت ۋە مەبلەغ سېلىش تۈپەيلى ئۇچرىغان زىيانلىرى ئۈچۈن تۆلەم تەلەپ قىلالىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.
- كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدايدىغان سىياسەتلەرنى ئەمەللەشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ ، سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىككە سەۋەپ ۋە تۈرتكە بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. سودا - تىجارەت ۋە سالغان مەبلەغلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا بولغان تەسىرىنى ئانالىز قىلىش ۋە زىيىنىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئىستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش. بۇ خىل «كىشىلىك ھوقۇققا بولغان تەسىرىنى باھالاش» تىپىدىكى خىزمەتلەرنى چوقۇم مۇناسىۋەتلىك ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش.